# 233591 ـ جۈمە كۈندە ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا، تېلېفون ئارقىلىق خۇتبىنىڭ تەرجىمىسىنى ئاڭلاشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

## سوئال

ئەرەب تىلىنى چۈشەنمەيدىغان كىشىلەر ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا، خۇتبىنى تەرجىمە قىلىپ بېرىدىغان تىلىپۇن پىروگرامىسى ياكى تىلۋېزور ئېكرانى ئارقىلىق خۇتبىنىڭ تەرجىمىسىنى ئاڭلىسا توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ساھابىلىرى ۋە قىيامەتكىچە توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

مەن بۇ سوئالنى ھۆرمەتلىك ئۇستاز شەيخ ئابدۇراھمان بەرراكتىن سورىغان ئىدىم، شەيخ مۇنداق دېگەن: "بۇنىڭدا ھېچ گەپ يوق، بۇ خۇتبە ئارىسىدا چەكلەنگەن بىكار ئىشلاردىن ۋە قۇرۇق تېلېفون ئويناش دەپ ھېسابلانمايدۇ، چۈنكى ئۇ كىشى خۇتبىنى چۈشىنىشكە ئېھتىياجلىق".

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.